# ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىقتا مۇئمىنگە زۇلۇم قىلمايدۇ، دۇنيادا بېرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتلايدۇ

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ياخشىلىقتا مۇئمىنگە زۇلۇم قىلمايدۇ، دۇنيادا بېرىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئەمما كاپىرغا بولسا دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرىغا كۆرە رىزىق بېرىلىدۇ، ئاخىرەتكە بارغاندا كاپىرنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغان ياخشىلىقى بولمايدۇ.

[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان ئارتۇقچىلىقىنىڭ بۈيۈك ئىكەنلىكى ۋە كاپىرلار بىلەن بولغان ئادىللىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما مۇئمىننىڭ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابى كەمەيتىلمەيدۇ، بەلكى مۇئمىنگە قىلغان تائەت-ئىبادەتلىرىگە كۆرە ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىنىدىغان مۇكاپات ساقلىنىش بىلەن بىرگە دۇنيادىمۇ ياخشىلىق بېرىلىدۇ. ئەمما كاپىر بولسا: ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپىتى دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلىنىش بىلەن بولىدۇ، ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشىنىڭ مۇكاپاتلىنىدىغان ساۋابى بولمايدۇ، چۈنكى دۇنيا-ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلغۇچىنىڭ مۇئمىن بولۇشى كېرەك بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65015